## 33679 - كۈچلۈكلۈك ۋە ئاجىزلىق ئوتتۇرىسىدىكى ئىسلام ۋە غەرب

### سوئال

مۇسۇلمانلانلارگە يۈزلەنگەن بالايى -ئاپەتلەرگە قاراپ ،شۇنى بىلگۈم كىلىدۇ:ئىسلام ھايات يولى بىلەن غەرىپ باياشات -ئالغا باسقان ۋە كۈچ قۇدرەت ھايات ئوتتىرىستىكى پەرىق نىمە ؟ھەم ئىككى جەمئىيەت ئايالللىرىغا بولغان بەلگۈلىمىلەر ئوتتورىسىدىكى پەرىق نىمە؟مەن بۇ دۆلەتلەردىكى مۇسۇلمانلار ئەھۋالىغا قايغۇرۇپ بۇ سوئالنى سوراۋاتىمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

مەدھىيە ئاللاھقا بولسۇن .

1-بۇ مۇسۇلمانلارغا چۈشۈۋاتقان بۇ بالايى قازالار ۋە مۇسىبەتلەر پەقەت ئۇلار ئۆزلىرى جەمئىيەتلىرى ۋە دۆلەتلىرى ھەققىدىكى ئاللاھنىڭ قانۇنلىرنى تاشلىۋەتكەنلىكتىن چۈشىۋاتىدۇ.ئۇلار ئاللاھقا ياردەم قىلمىسا ،ئۇ قانداقىسىگە ئۇلارغا ياردەم قىلىدۇ؟

ئۇھۇد جىڭىدە بىر قىسىم مۇسۇلمانلار پەيغەمبەرگە (ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىغى ئۇنىڭغا بولسۇن ) ئىتائەتسىزلىك قىلغاندا ،ئاللاھ ئۇلارنى مەغلۇبىيەت بىلەن جازالىدى ،گەرچە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پەيغەمبەر (ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىغى ئۇنىڭغا بولسۇن ) ۋە ساھابىلارنىڭ ئاقسىقاللىرى بولسىمۇ .شۇڭا بۈگۈنكى كۈندە مۇسۇلمانلار ئاللاھقا كىچە -كۈندۈز ئىتائەتسىزلىك قىلىۋىتسا ،ئۇنىڭ دىنى بەلگىلىمىللىرىدىن چىقىپ كىتىۋاتسا (ئاللاھ رەھىم -شەپقەت قىلغانلار ئۇنىڭ سىرتىدا )مۇسۇلمانلىرىمىزنىڭ ئەھۋالى نىمە بولماقچى؟

2-گەرچە مۇسۇلمانلار بالايى- ئاپەت،مۇسىبەتلەر ئىچىدە ياشاۋاتقان بولسىمۇ ،غەرىپ ئۆز جەمئىيەتلىرى ۋە ئۆز ئەھۋاللىرى ھەققىدە دۇچ كىلىۋاتقانلىرى بەكراق ئىغىر ۋە قاتتىقتۇر .يەنى ئىنتىقات، بىخەتەرلىك ،ئائىلە توغرىسىدا،بولۇپمۇ ئاياللارغا موناسىۋەتلىك مەسىلىلەردە يولىقىۋاتقانلىرى تىخىمۇ ئىغىردۇر.غەرىپ دۆلەتلىرىنىڭ يىقىنقى ستاتىستىكىسىغا قارساق ،ئۇلار ئەھۋالىنىڭ تىخىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىكەنلىگىنى كۆرىمىز ،بىز بىر نەچچە مىسال بىلەن قاراپ باقايلى :

بىر قىسىم ياۋرۇپا دۆلەتلىرىدە %65 ئايال ئىشچىلار خىزمەت ئورۇنلىرىدا جىنسى پاراكەندىچىلىككە ئۇچرايدۇ .

ئامىرىكىدا %18 ئايال ئۆز ھاياتىنىڭ مەلۇم باسقۇچلىرىدا باسقۇنچىلىق قىلىنىدۇ ياكى باسقۇنچىلىققا ئۇرۇنۇلىدۇ.

باسقۇنچىلىق قىلىنغان ئاياللارنىڭ يىرىمىدىن كۆپرەكى 17 ياشتىن تۆۋەن "ستاتىستىكا ،ئوقۇش،رەقەملەر"141 ب.

1993-يىلى ئىيۇن بىلەن فىۋرال ئارىسىدا كانادادىكى بىر تىلفۇن بىلەن بولغان 12300 ئايال ھەققىدىكى ستاتىستىكىدا :

كانادا ئاياللىرىنىڭ يىرىمى 16ياشتىن كىيىن جىسمانى ياكى جىنسى زورۇۋانلىق ۋەقەسىگە ئۇچۇرغان .

45% تى ئۇلارغا ناتۇنۇش ئەرلەر تەرىپىدىن چىقىلغان .

23%تى ناتۇنۇش كىشلەر تەرىپىدىن چىقىلغان .

23%تى نىكاھ ماجراسى سەۋەپلىك قورال بىلەن چىقىلىنغان . “ستاستىكا ،ئوقۇش،رەقەملەر”141 ب.

ئامرىكىدا:

ھەر يىلى بىر مىلىيۇن ھارامدىن بولغان بالا تۇغۇلىدۇ،

12مىلىيۇن بالا ئۆيسىز ھەم ناچار مۇھىتتا ياشايدۇ.

ھەر يىلى بىر مىلىيۇن بالا ئالدۇرۇۋېتىش بولىدۇ.

ئەنگىلىيىدە:

بىر يىلدا 25مىلىيۇن شەھۋانى مەزمۇندىكى تېلفۇن خاتىرلەنگەن.

لاتىن ئامرىكىسىدا 40 مىلىيۇن بالا ئۆي ماكانسىز.

شىۋىتسايىيە قانۇنى ئاكا –ئۇكا بىلەن ئاچا –سىڭىلنىڭ توي قىلىشىنى رۇخسەت قىلىدۇ.

“ستاستىكا ،ئوقۇش،رەقەملەر”150 ب.

بىز سىنىڭ ئىسلام دىنى بىلەن پەخىرلەنگەنلىكىڭگە مۇسۇلمانلار ھەققىدە ھاملارچە قىزغانلىقىڭغا رەھمەت ئېيتىمىز .

ئاللاھتىن بىزگە ۋە ساڭا كۈچ قۇۋۋەت بىرىشنى سورايمىز،ھەمدە ئاللاھ ھەممە كۈچ قۇۋۋەتنىڭ مەنبىيى.